# سادات زۇگتۇلۈك قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# سادات زۇكتۇڭ قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

领袖被杀之日:维吾尔文/(埃)马合福兹,(印度)塔巴里亚尔著;艾孜提艾里等译。— 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.4

(外国中篇小说丛书.第30辑)

ISBN7—228—05761—9

Ⅰ.领… Ⅱ.①马… ②塔…③艾 … Ⅲ.中篇小说 — 作品集 — 世界 — 维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I14

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第29658号

责任编辑:艾合买提·伊敏

封面设计:艾克拜尔·萨里

责任校对:再米拉,赛那瓦尔

新疆人民出版社编辑出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆人民出版社微机室排版

新疆司法印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本 8.375印张 2插页

2000年7月第1版 2000年7月第1次印刷

印数:1 —— 3,060

ISBN7—228—05761—9/I·2116 定价:11.80元

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتورى : زەمىرە ، سەنەۋەر

# سادات زۇكتۇك قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە
( چەت ئەل پوۋېستلىرىدىن ـــ 30 )

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ ئەدلىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 787×1092 مىللىمېتىر 32/1
باسما تاۋىقى : 8.375 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3,060 — 1
ISBN7—228—05761—9/I • 2116
باھاسى : 11.80 يۈەن

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتابچىغا ئىككى پوۋېست كىرگۈزۈلگەن.

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى نەجىب مەھبۇز
(— 1911) نىڭ «سادات زۇڭتۇڭ قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە»
(ئەسلى نامى: «داھىي قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە») ناملىق
ئەسىرىدە 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى مى-
سىر جەمئىيىتى يورۇتۇپ بېرىلگەن. سادات مىسىرغا زۇڭتۇڭ
بولغان مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ دادىللىقى ۋە دىپلوماتىيە ساھەسى-
دىكى جانلىقلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇ قوماندان-
لىق قىلغان مىسىر قوشۇنلىرى سۇۋەيش قانىلىدىن ئۆتۈپ باللېۋ
مۇداپىئە سېپىنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق، ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىنى
يەڭگىلى بولمايدۇ، دەيدىغان ئەپسانىنى بىتچىت قىلىپ تاش-
لىغاندى. ئۇ يەنە دۆلىتىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېچىۋېتىش
سىياسىتىنى قوللانغان؛ دىپلوماتىيىدە جانلىق ئۇسۇل قوللىنىپ،
ئىسرائىلىيىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن كېلىشىم تۈ-
زۈپ، قولدىن كەتكەن خېلى زور قىسىم زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش
ئارقىلىق، ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش-
نىڭ يولىنى ئاچقان. لېكىن ئۇ مۇشۇ سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈش
داۋامىدا، بەزى ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىتلارغا تازا ئېتىبار بې-
رىپ كېتەلمىگەنلىكى، بەزىدە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قويغانلىقى
تۈپەيلى نۇرغۇن ئەرەب دۆلەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مىسىرنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.co

# مۇندەرىجە

سادات زۇڭتۇڭ قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە.................. 1
نەجىپ مەھبۇز ( مىسىر )
ھەزرىتئېلى بارات تەرجىمىسى
مۇمتاج ماھال مەقبەرىسى................................... 116
غالىي پروساند تەبرىيار ( ھىندىستان )
پاتىگۇل مجىت تەرجىمىسى
قوشۇمچە :
« چەت ئەل پوۋېستلىرى » مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى
( جەمئىي 30 كىتابچە )............................................ 251 ـ بەت

# سادات زۇڭتۇڭ قەستكە ئۇچرىغان كۈنلەردە

**نەجىپ مەھبۇز (مىسىر)**

ھەزرىتئېلى بارات تەرجىمىسى

## مۇھتاشىم زايىت

ئازراقلا ئۇخلاپ ئويغاندىم. ئىسسىق يوتقان ئىچىدە تاڭنىڭ يورۇشىنى كۈتۈپ يېتىش كىشىنى مەستخۇش قىلىدۇ، دېرىزىدىن كىرگەن تاڭ نۇرى ئاجىزلىقىغا باقماي قاپقاراڭغۇ ئۆينى خېلىلا يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئاھ، خۇدا، مەن سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە ئۇخلاپ، سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە ئويغاندىم. سەن جىمى مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى. تاڭنىڭ يورۇغانلىقى يېڭى بىر كۈنۈمنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ يورۇقلۇق خۇدانىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ، گۆرىستان جىمجىتلىق قاپلىغان دېڭىزدا پەيدا بولىدۇ. ئاھ، خۇدا، ئىسسىق يوتقان ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، زىمىستاننىڭ ئۇزۇن كۈنلىرىنىڭ قوينىغا قەدەم بېسىشىمغا ئىمكان بەر. ئامراق نەۋرەم كارىۋىتىدا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن. مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ بارغان پېتى ئۇنى ئويغىتىشىم كېرەك. ئىبادەت قىلغاندا تەرەت ئالىدىغان سۇ سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك دەرىجىدە سوغۇق بولسىمۇ، مەن ئاللانىڭ ھىممىتىدىن ئىللىقلىق تاپالايمەن. ئىبادەت قىلىش تاشقى دۇنيانى تامام ئۇنتۇپ ئاللا بىلەن

دەرقەمتە بولۇش ئۈچۈندۇر . ئاللانى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى ئاللامۇ ياخشى كۆرىدۇ . ئاللانىڭ كالامىنى بىر كۈن ئۆگەنمىسەم ، بۇ بىر كۈن مەن ئۈچۈن بەختسىزلىكتىن دېرەك بېرىدۇ . مەن ئاخىر شېرىن خىياللار ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلۇمنى ، كېلىنىمنى ، نەۋرەمنى ئويغاتقىلى ماڭدىم . مەن — بۇ ھارغىن ئائىلىنىڭ قوڭغۇرافلىق سائىتى . تەلىيىمگە مۇشۇ يېشىمغىچە بۇ رولۇمنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىمەن . يېشىم ئاللىقاچان بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن مۇشۇ تېمەنلىكىم بىلەن ئاللاغا تېۋىنىۋاتىمەن . ھەر ئەتىگىنى فاۋاسىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى جېكىپ ، ئىسمىنى چاقىرىمەن . ئۇنىڭ « ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ، دادا » دېگىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ كىرىمەن . مەن چىراغنى ياندۇرۇپ قارىغىنىمدا ، يوتقىنى بىلەن ئۇخلاش پوسمىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تارغىنا جايدىن بېشى كۆرۈنۈپ تۇرغان نەۋرەم پۇشۇلداپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ . نېمە ئامال بار دەيسىز ؟ شۇ تاپتا يەنە ئۇنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋشۇم كېرەك . مەن ئۇنىڭغا ، شۇنداقلا ئەۋلادلىرىمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن بوشقىنا ئاۋازدا چاقىردىم :

— ئولغان ، ئويغىنىدىغان ۋاقتىڭ بولدى .

ئۇقۇغۇر كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ ئەسنىگىنىچە :

— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ، بوۋا ، — دېدى .

ئارقىدىنلا ئاياغ تىۋىشى ، گەپ قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى . مۇنچا ، تاماقخانا ، كارىدورلاردا يېڭى بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىك باشلاندى . مەن رادىئودىن ئەتىگەنلىك قىرائەتنى ئاڭلاۋاتاتتىم . كېلىنىم سەرنا :

— دادا ، ئەتىگەنلىك تاماق تەييار بولدى ، — دەپ تووۋ-
لىدى . مېنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىم ئەزەلدىن تاماق
ئۈستىدە بولاتتى . ئاللانىڭ بۇ دۇنيالىقتا بېغىشلىغان مېھىر -
شەپقىتى نەقەدەر كۆپ - ھە . ئاھ ، ئىگەم ، بەندەڭنى ئاغرىق -
سىلاقتىن خالىي قىلغايسەن ، مېنى ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقىش
ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلمىغايسەن . ھازىر ھېچكىمنىڭ ھېچكىم
بىلەن كارى يوق ، ھېچكىمنىڭ سېنىترا ياللاپ ئۆزىنى كۈتكۈدەك
پۇلىمۇ يوق . كىم ئاغرىپ يېتىپ قالسا ، شۇ قارغىشقا ئۇچرايدۇ .
تاماق ئۈستىلى ئۈستىدە ئەتىگەنلىك تاماق ئورنىدا پەقەتلا پىلە
پۇرچىقى ياكى بولمىسا گۆشسىز چۆچۈرىلا بولاتتى . ئىلگىرىكى
تۇخۇم ، پىشلاق ، قۇرۇتۇلغان كالا گۆشى ۋە مېۋە شەربىتى ئىب-
سىپ - تېشىپ تۇرىدىغان ، ئېچىۋېتىلگەن دەۋرلەر ئەمدى كەل-
مەسكە كەتتى . مال باھاسى ئۆلگۈدەك ئۆرلىۋالدى ، ھەممە نەر-
سىگە جىن تەگكىلى تۇردى . فاۋاس ھەر كۈنى قوتۇرماچ يەۋې-
تىپمۇ كۈندىن - كۈنگە سەمرىپ كېتىۋاتىدۇ . سەرنانى بولسا ياش
تۇرۇپلا قېرىلىق بېسىۋاتىدۇ . ئەللىك ياشلىق ئوغلۇم ئاتمىش
ياشلىق بوۋايلارغىلا ئوخشاپ قالدى .

— يېقىندىن بېرى مىنىستىرلىقتا ئىش بولغاچقا ، پۈتۈن
كۈن ئىشلەۋاتىمىز ، بىرنەچچە كۈن شىركەتكە بارالمايمەن ، — 
دېدى فاۋاس گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ .

ئوغلۇم بىلەن خوتۇنى بىر شەخسىي شىركەتتە قوشۇمچە
ئىش تاپقانىدى . ئۇ ئىككىسىنىڭ كىرىمى ، مېنىڭ پېنسىيە پۇلۇم
ۋە ئولفانىنىڭ مائاشى بولۇپ ھەممىسىنى قوشقاندا بىر ئائىلىنىڭ
جان بېقىشىغا ئاران يېتەتتى . مۇبادا شىركەت ئۇنى ئىشتىن بو-
شىتىۋەتسە ، كۈنىمىزنى قانداق ئۆتكۈزەرمىز ، دېگەن غەم مېنى
چىرمىۋالغانىدى .

— بەلكىم مۇشۇ بىرنەچچە كۈنلىدۇ ، — دېدىم مەن ئۈمىد بىلەن .

— مەن ئاۋۋال ئۇ يەردە سىزگە بۆلۈپ بېرىلگەن ئىشلارنى ئازراق قىلاي ، — دېدى سەرنا ، — ئېشىپ قالغانلىرىنى ئۆيگە ئالغاچ كېلەي . سىز ئاۋۋال ئەھۋالنى بۆلۈم دىرېكتورىغا دەپ باقالامسىز . . .

— نېمە ؟ سەن مېنى ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئىشلە دېمەكچىمۇ ؟ — فاۋاس ئاچچىقلىنىپ قالدى .

مەن دائىم تاماق ئۈستىدە جېدەل چىقماسلىقنى تىلەيتتىم . لېكىن ، هامان بۇ ئىشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى .

— ئەلى سەمىغ مۇئەللىمنىڭ دادىسى ئىشتىن چۈشۈپلا تاكسى هەيدەپ خېلى جىق پۇل تېپىپتۇ ، — دېدى ئولفان .

— ئۇنىڭ شەخسىي ماشىنىسى بارمۇ ؟ — سورىدى دادىسى .

— مېنىڭچە بار .

— لېكىن ماڭا ماشىنا سېتىۋالغۇدەك نەدىكى پۇل ؟ سېنىڭ مۇئەللىمىڭنىڭ دادىسى باي ئەمەس . ئۇ پارا يەيدۇ .

— لېكىن ، كىشىلەر ئۇنى بەك هۆرمەتلەيدىكەن .

مەن ئاخىر :

— ئۇ ئاخىر ياخشى يولنى تاللىۋالدى ، — دەپ گەپ قىستۇردۇم .

— مەنمۇ بىر كۈنى شۇنىڭغا ئوخشاش يولنى تاللىۋالسەممۇ تېخى ، — دېدى ئولفان قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ .

— نېمە قىلاي دەيسەن ؟ — سەرنانىڭ چىرايى تۇتۇلدى .

— بىر بانكا بۇلاش ئەترىتى تەشكىللەيمىكىن دەيمەن .

— ۋايىيەي ، كاتتا پىلانلىرىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي

بۇنىڭ، — دېدى فاۋاس يىرگەنگەندەك.

تەخسىلەرنى سۈرتكىنىمدىن كېيىن سەرنا ھەممە قاچا-قۇچىنى قوشۇپ ئېلىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار مەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى. ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز قالدىم. ئاھ، خۇدا! ئۇلارغا تىرىكچىلىك يولى بەرگەيسەن. ئۇلارنى زىيان-زەخمەتتىن ساقلىغايسەن.

مەن قول تىقمىسام، بۇ ئۆينىڭ كەچكىچە قالايمىقان تۇرغىنى تۇرغان. مەن ھۇجرا ئۆيۈم بىلەن ياتاق ئۆيىنى تەستە يىغىشتۇرۇپ رەتلەپ چىقتىم. ياتاق ئۆي مېنىڭ ئىچ-پۇشۇقۇمنى چىقىرىدىغان جاي. مەن بۇ ئۆيدە رادىئو بىلەن تېلېۋىزوردىن قۇرئان كەرىم، ناخشا-مۇزىكا ۋە خەۋەرلەرنى ئاڭلايمەن ۋە كۆرىمەن. يەنە بىر ئېغىز ئۆي بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە، ئۇنداقتا ئولفانغىمۇ باش تىققۇدەك جاي چىقاتتى. بارلىق ھەمدۇ سانا ئاللاغا مەنسۇپ، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدۇ. بىر يىلى مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى. غالىب ئەبۇ ئابباس مۇسى كىشىلەر ئولىشىپ كەتكەن بىر بولكا دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۇ كىشىلەرگە ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ «ئەگەر يانچۇقۇمدىن بىرنەچچە تەڭگە چىقىپ قالسا، ئۇلارغا سەدىقە بېرىۋېتەي» دەپ ئويلىدى. ئويلاۋېتىپ، يانچۇقىدا قانداقتۇر قاتتىق بىر نەرسىنىڭ قولىغا ئۇرۇلغانلىقىنى سەزدى. راستىنلا ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر نەچچە دىرھەم چىقىپ قالدى، ئۇ مۇشۇ پۇللار بىلەن بولكىخانىدىن ئازراق قوتۇرماچ ئېلىپ كىشىلەرگە بەردى. بىراق ئۇ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، بولكىچى ئۇ بەرگەن دىرھەمنىڭ يالغان پۇل ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنى توختىتىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىنىڭ ئاللانىڭ كالامىغا خىلاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەن چېغىدا،



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.co

ئاللادىن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلىدى. دەل مۇشۇ دەقىقىدە بولكىچىنىڭ قولىدىكى دىرھەم يەنە راست پۇلغا ئۆزگىرىپ قالدى. ئاھ، پەقەت ئاللا بەندىسىنى ھامىيلىقىغا ئالالايدىكەن، پەقەت بۇ ئالەمدىن ۋاز كەچكەن كىشىلەرلا ئاندىن ھامىيلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدىكەن. يېشىم سەكسەنگە يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئالەمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن. بۇ دۇنيا ئاللانىڭ تۇپرىقى، ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن تارتۇقى. مەن ئۇنىڭدىن قانداقمۇ ۋاز كېچەلەيمەن. مەن بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرىمەن، ھۆر ئادەملەر، ئاللانىڭ مۇرىتلىرى ۋە ئاللانىڭ بەندىلىرىنىڭ بۇ سۆيگۈسى ماڭا قانداقمۇ ھامىيلىق ھوقۇقىنى بېرەلىسۇن؟ مەن قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، ئاللانىڭ ئەمر ـ ۋاجىپلىرى بويىچە ئىش كۆرىمەن، ھەر قېتىم ئېغىز ئاچقان چېغىمدا قىزىتىلغان ماي، ئارپا، بىدىيان ۋە لىمون سۈيى ئارىلاشتۇرۇلغان پىلە پۇرچىقىنى ئىستېمال قىلىشنى ئۇنتۇمايمەن. كىم ئاللانىڭ چەكسىز مېھىر ـ شەپقىتى ئىچىدە ياشايدىكەن، شۇ كىشى بىر كۈنلەردە يىراقتىن قولىنى شىلتىسا چىراغنى ئۆچۈرەلىگۈدەك قۇدرەتكە ئىگە بولالايدۇ. يېقىن دوستلىرىمنىڭ ئىچىدىن پەقەت مەنلا قالدىم، قالغانلىرى قېرىلىق يېتىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. قېرىلىق بىزنى ئىككى دۇنيا قىلىپ ئايرىپ تۇرماقتا. قەلبىم، مەن تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆي ۋە بىر خىل رىتىمدا ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىم ئوخشاشلا چەكسىز غېرىبلىق ئىسكەنجىسىدە قالغانىدى. كۆزلىرىممۇ كىتاب كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۇيقۇممۇ ئازلاپ كەتتى. مەن ئۆلۈمدىن قورقىمەن، ئەجىلىم توشقاندا ئۆلۈمنى قارشى ئالىمەن، بىراق ئەجىلىم توشمىسا، مەن يەنە ياشاشنى ئويلايمەن. پادىشاھ فۇئاد مەكتەپتە لېنتا كەسكەن چاغدا، مەن ئوقۇتقۇچىلارغا ۋاكالىتەن سۆزلىگەنىدىم.

ئۇ بىر شەھەرنىڭ كۆنلەر ئىدى . ئاللار : « ياشىسۇن پادىشاھ ، ياشىسۇن قۇئاد ! » دەپ ئالقىشلىغان چاغدا ، مەن چەكسىز ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە قالغانىدىم . شوئار ئۆزگەردى ، ناخشىمۇ ئۆزگەردى . ئەڭ ئاخىر مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى . قۇرۇق تۆت تام ئىچىدە يېپىقلىق ئەينەكتىن نىل دەرياسىغا ۋە دەريا بويىدىكى دەرەخلەرگە قاراپ تۇرغىنىم تۇرغانىدى . بىزنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيىمىز نىل دەرياسى كوچىسىدىكى ئەڭ كونا بىنادا بولۇپ ، ئۇ ھازىرقى زامان بىنالىرى ئىچىدىكى ئەڭ پاكار بىنا ئىدى . نىل دەرياسىمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاشلا ئۆزگەرمەكتە ، مەيۈسلۈك ۋە زەئىپلىك ئىچىدە ئىڭرىماقتا . ئۇ ئىلگىرىكىدەك كۆ-ۋەجەپ ئاقىدىغان شاۋقۇنلۇق ھالىتىنى يوقاتقاندەك قىلىدۇ . يولدا ماشىنىلار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرماقتا . بايلارمۇ ، كەمبەغەللەرمۇ تەڭ ياشايدىغان بۇ دۇنيادا نەچچىلىگەن يېقىن سىردىشىم بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى . ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ ، جۇدۇننىڭ شەپىسى كېلىۋاتىدۇ . ئىلگىرى مۇشۇنداق كۈنلەردە قولىدا رايونىغا بېرىپ سەيلە قىلىش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىدى ـ ھە ! دوستلار سېرىقماي سۈرتۈلگەن توخۇ ، داغلاپ پىشۇرۇلغان ياڭيۇسەي ، سوغۇق ئىچىملىك ۋە ئۈنئالغۇنى چۆرىدىشىپ ئولتۇراتتى . ئەگەر كەڭ قورساق ، مەرد ، سېخىي بولۇپ پۈتۈن ئازابلىرىمنى ئۇنتۇپ كەتسەم ، سۆزمەن پەرىشتىلەردىن بولۇپ قېلىشىم تەبىئىي ئىدى . ئۇلار ئاللىبۇرۇن قاقشال دەرەخكە ئوخشاپ قالدى . ئۇلارنىڭ خۇشاللىق ، بەختىيارلىق ھېسسىياتىغا تويۇنغان كۆلكە سادالىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى . توي كېچىسى مېنىڭ كەينىمدە تىزىلىپ تۇرۇشقانلار شۇلار ئىدى . ئۇ كېچىسى مەن پاتىمەنىڭ چۈمبىلىنى تۇنجى قېتىم ئاچقانىدىم . قەبرەڭنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۆيۈرگىنىمگىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە بەش يىل بولۇپ قالدى .

نوپۇس شىددەت بىلەن كۆپەيمەكتە . ئېسمىر دەۋرىدە تىكىلگەن دەرەخلەرمۇ ئادەملەر ئارىسىدىكى بۇ قىستاڭچىلىقنى تۇنجى قېتىم كۆردى . بىر توپ تەلۋىلەر ۋەقە چىققان جايغا قاراپ ساراڭلارچە چېپىشتى . ئەزرائىل شۇ يەردە سوزۇلۇپ ياتىدۇ . مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالالاغا مۇناجات قىلىپ تۇرۇپ : « ئى ئاللانىڭ بەندىلىرى ، بۇ دۇنيالىقتا ئۆزۈڭلارنى ياقا - يۇرتتىن كەلگەن يولۇچى دەپ بىلىڭلار ، ئۆلۈمنى ئەستىن چىقارماڭلار » دېگەندى . پەيغەمبەرنىڭ گەپلىرى ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن .

## ئولفان فاۋاس مۇھتاشىم

يېڭى بىر سەھەر باشلاندى ، مېنى بىزار قىلىپ بىر خىل رەۋىشتە تەكرارلىنىۋېرىدىغان بۇ زېرىكىشلىك كۈنلەردىن يېڭى - يېڭى مەزمۇنلارغا تولغان تۇرمۇشنىڭ بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ . بۇ دۇنيادا بىرى ئۆلسە ، يەنە بىرى دۇنياغا كېلىدۇ . تەقدىر - قىسمەت دېگىنىمىز — مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك يولىنى كۆرسىتىدۇ .

قارىغىنا ، ئۇ نېمە ؟ ئاپلا ، مېنىڭ پۇتلىرىم ! سىلەر چىشىڭلارنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىڭلار ، بۇ چىدامىلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ياشايدىغان دەۋر . زۇلمەت قاپلىغان شۇ يىللاردا پەقەت سەنلا مېنىڭ قەلبىمدىكى سۆيۈملۈك كىشى ئىدىڭ . باھار شامىلىدەك قەلبىمنى ئىللىتقانىدىڭ . ئاسمانغا ناقاشقۇدەك يوغان دەرەخلەردە ۋە نىل دەرياسىدا ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان بىر خىل روھىي پاكىزلىق بار . مەن قان - زەردابلىرى بىلەن كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلىدىغان بۇ زېمىننى ئۇنتۇش ئۈچۈن كۆكنىڭ قەھرىگە ، ئاپئاق بۇلۇتلارغا ، دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىغا قارىۋالدىم . سەن ھامىنى بىر كۈنى بىگۇناھ ئەرۋاھلارغا ئۇچرىشىپ قالىسەن

ھەم ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاردىن بولۇپ قالىسەن . مەن بىلىملىك ، دىيانەتلىك ئادەممەن . كىچىكىمدىن بېرى ئاسمان بىلەن بوي تالاشقۇدەك ئېگىز بىنالار ئارىسىدىكى بايلار بىناسى توپىغا يوشۇ-رۇنغان بۇ پاكارغىنا ئۆيدە تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن . قويۇق قوشۇما قاشلىرىم ئاستىدىكى قاپقارا كۆزلىرىمنى مۆلدۈرلىتىپ ئۆي ئىگى-سىنىڭ ھامان بىر كۈنى بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇ-رۇپتىمەن . ئەقلىم يەتمەيدىغان يېرى — چىرىكلىك ، زورلۇق — زومبۇلۇق ئەۋج ئالغان بۇ دەۋردە مۇھەببەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىكەن . بۇ كىچىك ۋەيرانە يوللار ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ يادنا-مىسىمۇ ؟ ھەممە يەردە چېچىلىپ ياتقان زومچەك - زومچەك ئەخ-لەتلەر جۈپ - جۈپ ئاشىق - مەشۇقلارغا ماگدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ . قىستا - قىستاڭ ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ئادەملەر ، ئەتىگەن-لىكىگلار خەيرلىك بولسۇن . چېقىق ئەينەكتىن سىرتقا ئېگىشىپ قاراۋاتقان چاغدىكى ھالىتىگلار كىشىگە نازارەت ئاستىدا ئىشلەيدى-غان مەھبۇسلارنى ئەسلىتىدۇ .

چوڭ كۆۋرۈك مىغىلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەم بىلەن توشۇپ كەتكەن ، كىشلەر پىلە پۇرچىقىنى ئاچ بۆرىدەك يېيىش-كىنىچە ئالدىراش مېگىشماقتا .

— ھەممىلا يەرنى كىرىزىس قاپلىغان مەزگىل ، ئىشنىڭ ھەل بولىدىغان مەزگىلى بولىدۇ ، — دېدى بوۋام .

ئاھ ، قەدىرلىك بوۋا ، بىز بۇ كونا مۇقامنى يەنە قاچانغىچە تووۋلارمىز ؟ كونا سەنەمگە قاچانغىچە دەسسەرمىز ؟ بوۋام مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداشىم . مەن بولسام يالغۇز ئوغۇل ، ئاتا - ئانام كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك خىزمەت قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ، مەن ئۆزۈمنى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغاندەك سېزىۋاتىمەن . ئۇلار جان بېقىش ئۈچۈن ، بىرەر چىشلەم بولكا ئۈچۈن ھۆكۈمەت

ئورگانلىرى بىلەن شەخسىي شىركەت ئارىسىدا پۇت ـ قولى يەرگە
تەگمەي توختاۋسىز فاتىرىغاچقا ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىگىم تەسكە
توختايدۇ .

— سەندىن ئۆتۈنەي ، بىزنىڭ سىنىڭ بۇ پەلسەپىلىرىڭ
توغرىلىق سۆزلىشىشكە ۋاقتىمىز يوق . ئۇخلىغۇدەكمۇ ۋاقىت چىـ
قىرالمايۋاتقانلىقىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ ؟ — دادام شۇنداق دەيتتى .

قايسى ھەدەم نىكاھتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا ، مەن شۇـ
نىڭغا تەسەللىي بېرىمەن . بۇ كىشى بىلەن كىشىنىڭ كارى يوق
جاھان . ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرىدۇ ، ئۇلارنىڭ
بەزىلىرى تۇرمۇشتا غالىب كېلىدۇ ، يەنە بەزىلىرى بولسا مەغلۇپ
بولىدۇ . مەن ئاخىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر يېمەكلىكلەر شىرـ
كىتىدە خىزمەت تاپتىم . كىرىش ئېغىزىدىكى « ئۈمىدلىنىپ كىرـ
مەڭ » دېگەن توم ، قارا ھەرپلەرنى ئوقۇساملا كۆڭلۈمگە ئەڭ يېـ
قىن شۇ ئادەم ئېسىمگە كېلىدۇ . ئۇ قورۇلغىنىغا ئۇزۇن بولغان
ئاممىۋى مۇناسىۋەت ۋە تەرجىمە بۆلۈمى دىرېكتورىنىڭ ئىشخانـ
سىدا ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلكىسى مېنىڭ چىرايىمغا
سايە تاشلاپ تۇراتتى .

— بىردەم تۇرۇپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ ، بىز بىللە كېتەيـ
لى ، — دېدىم مەن ئۇنى ئەيىبلەپ .

— ئامال يوق ، « برازىلىيە » دە ناشتا قىلىدىغان
بولدۇق ـ دە ، — دېدى ئۇ جۇشقۇنلۇق بىلەن .

بەختىمگە يارىشا بوۋام بولغاچقىلا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر
شىركەتتە ، بىر بۆلۈمدە خىزمەت قىلىۋاتىمەن . مۇنداقچە قىلىپ
ئېيتقاندا ، ئەركىن ئوفىتسېرلار گورۇھىنىڭ بىر ئوفىتسېرى
بوۋامنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغاچقا ، مۇشۇ بەختكە ئېرىشەلىدىم دېـ
سەممۇ بولىدۇ . بوۋامنىڭ مىجەزىنى كىشىلەر ئۇنتۇيالمايدۇ . ھەتتا

ئەجدادلىرىنىڭ تۆھپىسىنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەرمۇ بوۋامنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇيالمايدۇ . دىرېكتور بۆلۈمىدىكى قىزلارغا ئوخ-
شاشلا كۆپىيىۋاتقان ئايىغى ئۈزۈلمەس ھۆججەتلەرمۇ يىغىۋېلىنماي تۇرۇپلا ئۈستىمىزگە يېغىشقا باشلايدۇ . مەن خىزمەت قىلىۋېتىپ كۆڭلۈمدىكى ئامراق ئادىمىم راندانىغا پات - پات ئوغرىلىقچە قاراپ قويىمەن . ئۆتمۈشۈمنى خىيال قىلغاچ تاتلىق خىياللارنى سۈرى-
مەن . ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە تولىمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتقا تاقىلىدىغان ھېكايە . ئۇ چاغدا ھەر ئىككىلىمىز ئاشۇ يالغۇز ھەم كونا كىچىك بىنادا تۇراتتۇق . كىچىك چاغلىرىمىزنى بىللە ئويناپ ئۆتكۈزگە-
نىدۇق . ئىككىمىزنىڭ يېشى تەڭ ئىدى . بىراق ، ئانام قىلىچە ئا-
ساسسىزلا راندانىنى مەندىن بىر ياش چوڭ دەپ تۇرۇۋالاتتى . يې-
شىمىز چوڭايغانسېرى ھوشيارلىشىپ ، بىر - بىرىمىزدىن خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالدۇق . جېسەكچىلەرنىڭ ئارىلىششى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتىمىز بۇزۇلدى . بىراق ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببى-
تىممۇ دەل مۇشۇ چاغدا يۈرىكىمدە بىخلانغانىدى . بۇ مېنىڭ تو-
لۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى . بارا - بارا ئىككى قەۋەت ئوتتۇرىسىدىكى پەلەمپەيدە دەقىقە تېزلىكى ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئويۇنلار بىلەن مەست بولۇپ ، يوشۇرۇن كۆز تاشلىشىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدۇق . بىر كۈنى مەن بىر پارچە سۆيگۈ خېتىمنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم . ئۇ ماڭا جاۋاب ئورنىدا ئىككى ئەۋلاد كىشىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرغانلىقى توغرىسى-
دىكى بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى . بىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تەڭ پۈتتۈردۇق . مەن بوۋامغا :

— قوشنىمىزنىڭ قىزى راندان سۇلايمانغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويىمەن ، — دېدىم .

— بىزنىڭ ياش چاغلىرىمىزدا مۇستەقىل ياشىمايدىغان با-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.co